# 8901 - چەكلەنگەن ئىشلار يۈز بېرىدىغان ئاممىۋي ئورۇنلارغا بېرىش توغرىسىدا

## سوئال

مەن يولدىشىم ۋە پەرزەنتلىرىم بىلەن خەلق باغچىسى، موزىيخانا، يەرمەنكە قاتارلىق ئورۇنلارغا ئەر-ئاياللار ئارىلىشىپ يۈرمىگەن ۋە نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتمىگەن ئاساستا، بۇ يەرلەردە يۈزۈمنى ئىچىۋېتىپ يۈرسەم بولامدۇ؟. پەرزەنتلىرىمىزنى ھەمراھ قىلىپ دېڭىز بويلىرىغا بارساقچۇ؟، بۇ ئورۇنلاردا تۈرلۈك مۇنكەر ئىشلار، بۇزۇقچىلىقلار، يېرىم-يالىڭاچ ئاياللار ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا ياراتقان نەرسىلەردىن ھۇزۇرلىنىشتىن چەكلىنىمىزمۇ؟ دەيدىغان كىشىلەرگە قانداق جاۋاپ بېرىمىز، بۇنداق جايلاردا مۇنكەر ئىشلار كۆپ تارقالغانلىقتىن چەكلەنگەن ئىشلاردىن كۆز يۇمۇشقا قادىر بولالمايدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن چەكلەنگەن مۇنكەر ئىشلار كەڭ تارقالغان ئورۇنلارغا بېرىش توغرا بولمايدۇ، ئاللاھ تائالا بىزگە ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىش، بىزنى ھارام ۋە چەكلەنگەن نەرسىلەردىن ھۇزۇرلىنىشتىن بىھاجەت قىلىدۇ.